# مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە داستانى

## ھەققىدە

مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى مۇھەممەت ئىمىن خىرقىتىنىڭ "مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە" ناملىق لىرىك داستانى 17 - ئەسىر ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ياخشى نەمۇنىلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. شائىر بۇ داستاندا مۇھەببەتنى ئاساسىي تېما قىلىپ ئالغان. مەلۇمكى، مۇھەببەت تېمىسى قەدىمدىن تارتىپ ئەنئەنىۋى بىر تېما بولۇپ، كىلاسسىك شائىرلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىپ كەلگەن.

شائىر خىرقىتىمۇ بۇ تېمىغا مۇراجىئەت قىلىپ، ئالدى بىلەن "مۇھەببەت" سۆزىدىكى ھەرپلەرنى ئاجايىپ ئوخ - شىتىشلار ئارقىلىق شەرھىلەپ، يېڭى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ساپ مۇھەببەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى، مۇھەببەت قويغان كىشىنىڭ ئۆزىنى قانداق تۇتۇشى كېرەكلىكى، نىمىلەرگە دىققەت قىلىش ۋە نىمىلەرنى قىلىش زۆرۈرلىكى ھەققىدە مۇ- ۋاپىق چۈشەنچە بېرىدۇ. بولۇپمۇ ھەقىقى ئىشق يولىغا كىرگەن كىشى ئۆز سۆيگۈسىگە ۋاپا قىلىشى، ساداقەت كۆرسىتىشى، جاپاغا چىداپ، ئېغىرچىلىقلارنى يېڭىپ ئۈمىتۋار بولۇشى،

بۇلار ئارقىلىق مۇرات-مەقسىدىگە يېتىشى كېرەكلىكىنى ئالاھىدە ئەسلىتىپ ئۆتىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن خىرقىتى بۇ داستاندا پەرۋانىنىڭ شام-چىراق ئىشقىدا ئۆزىنى قۇربان قىلىپ، كۆيۈپ كۈل بولغانلىقى توغرىسىدا ئايرىم باپ ئاجرىتىدۇ. ئادەتتە شائىرلار ئىشق-مۇھەببەتكە گىرىپتار بولۇپ قاتتىق كۆيگەن كىشىلەرنى پەرۋانىغا ئوخشىتىدۇ. شائىر خىرقىتى بولسا پەرۋانىنىڭ چىراق ئىشقىدا كۆيگەنلىكىنى ئەمەلىي تۇرمۇش رېئاللىقىغا مۇراجىئەت قىلىش ئارقىلىق بەدىئىي ۋاستىلەر بىلەن جانلاندۇرۇپ بەرگەن. بۇ كۆرۈنۈش تولىمۇ تەسىرلىك چىققان.

شائىر ئۇندىن كېيىن داستاننىڭ ئاساسى قىسمىغا كۆچۈپ، گۈل بىلەن بۇلبۇل ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنى ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن تەسۋىرلەپ كۆرسىتىدۇ. كۆپىنچە شائىرلار مۇھەببەتنى كۈيلىگەندە بۇلبۇل بىلەن گۈلنى ئاددىلا تىلغا ئالىدۇ، خىرقىتى بولسا بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق بۇلبۇلنى — ئاشىق، گۈلنى — يار، مەھبۇب، سابانى — خەۋەرچى، تىكەننى — رەقىپ سۈپىتىدە تەسۋىرلەپ، بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ئوبرازلاپ بېرىدۇ. خىرقىتىدىن بۇرۇن خېلى كۆپ شائىرلار گۈل بىلەن بۇلبۇل ھەققىدە داستان يازغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ يازغانلىرى خىرقىتىنىڭ داستانى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن ئەمەس. بۇ داستاننىڭ ئۆزگىچىلىكىمۇ ئەنە شۇ يەردە. داستان كىتاپخانلاردا نازۇك ھېس-تۇيغۇلارنى قوزغايدۇ، داستاننىڭ

تىلى تولىمۇ نەپىس، شېئىرىيىتى راۋان، بەدىئىيلىكى يۇقۇرى، ۋەقەلىكى كىشىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، شائىر خىرقىتى ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر نامايەندىلىرى — لۇتپى، ئاتايى، سەككاكى ۋە ئەلشىر ناۋايىلارنىڭ ئىجادىيىتىدىكى بەدىئىي ۋاستىلارغا ئۇنۇملۇك ۋارىسلىق قىلىپ، داستانچىلىقتا ئۆزىگە خاس يول تۇتقان.

شائىر خىرقىتىنىڭ تەرجىمھالى توغرىلىق ھازىرچە تولۇق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. دەسلەپكى قەدەمدە ئىگەللىگەن بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شائىر 1634-يىلى قەشقەر يېڭى شەھەر تازغۇن "باغچى" يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئوقۇش يېشىغا توشقاندىن كېيىن 16 يىل مەدرىسە ھاياتىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئەرەبچە، پارىسچە تىللارنى ياخشى ئۆگەنگەن ۋە كىلاسسىك ئەدەبىيات بىلەن تونۇشقان. 30 يېشىدا ئاتىسى غوجام قۇلى بىلەن ئاپپاق غوجىنىڭ بېغىدا باغۋەن بولۇپ ئىشلىگەن.

خىرقىتى ئۆزىنىڭ بۇ داستانىنى 17-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا يازغان بولۇشى مۇمكىن. شائىر 1724-يىلى 90 يېشىدا ۋاپات بولغان.

ر. جارى.